28.1.2018




ئەسمائۇلھۇسنا

# ياراتقۇچى ئىگىمىز ئاللاھ تەئالانىڭ 99 گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

ياۋروپا ئۇيغۇر نەشرىياتى

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:**

**بىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، بارلىقىدىن خەۋەردار قىلىپ ئۆزى ھەققىدە 99 ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان چەكسىز مېھىر ـ شەپقەتلىك يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن!**

**تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەتكە ياراتقۇچىسى ئاللاھنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆز پېتى يەتكۈزۈپ ھاياتى بويىچە جانلىق ئۈلگە بولغان بارچە پەيغەمبەرلەرگە ۋە بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ياخشى دۇئا تىلەكلىرىمىز يار بولسۇن!**

**پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىلاھى مەشئەلگە ئاۋاز قوشۇپ ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدىكى جىمى مۆمىنلەرگە سالاملار بولسۇن!**

**ئاللاھ تائالا ھايات كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە « ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلىڭلار/چاقىرىڭلار» دەپ جېكىلىگەن.**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بار، قانداق ئادەم ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى بىلىپ،**

ئەستە چىڭ تۇتسا(ۋە شۇنىڭغا لايىق ئىش ـ ھەرىكەتتە بولسا) چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇيالىغان، ساغلام چۈشەنچىگە ئىگە بولالىغان كىشىلەرلا ياراتقۇچىسىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئاڭلىق ھالدا جارى قىلدۇرالايدۇ، تەقلىدىي ئىماندىن تەھقىقىي ئىمان مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئاللاھنىڭ «ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغۇچى، بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن ھېساپ ئالغۇچى..»قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلگەن ئادەم ھەر مىنۇت ،ھەر سىكونت قىلىۋاتقان ئىش ھەرىكىتىدە ئاللاھنىڭ كۆرۈپ، ئاڭلاپ، نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ياراتقۇچى تەكىتلىگەن توغرا ۋە دۇرۇس ياشاش ئىستىلىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ:گۇناھتىن يىراق تۇرۇپ ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا ھېرىسمەن بولالايدۇ. بۇ ۋەجىدىن كۈندىلىك دۇئالىرىمىزدا تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ مەنىسىنى كۆپلىرىمىز بىلمەيدىغان، ھەتتا بۇدا راھىپلىرى مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز تېكىستلارنى قارغۇلارچە تەكرارلىغاندەك ئۆلۈك تېكىست ئوقۇشتىن ھالقىپ ئاڭلىق رەۋىشتىكى تەلەپكە لايىق دىندارلاردىن بولۇشىمىزغا يېتەكلىيەلىسە ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىتتە بۇ كىچىككىنە ۋاراقچىنى تەييارلىدۇق، پايدىلىنىپ قېلىشىڭلارغا

## ئىشـــــــــــــــەنچىمىز كامـــــــــــــــىل.

**1. اَللهُ: ئاللاھ (ھەممە نەرسىنى ،جۈملىدىن كائىناتنى ۋە ئىنساننى ياراتقـان ،ھېچقانـداق تەڭدىشىمۇ،شېرىكىمۇ بولمىغـان زاتنىـڭ ئەرەپچىدىكى ئىسمى)**

**قالغانلىرى بولسا ئاللاھنىڭ سۈپەت-ئالاھىدىلىكلىرى**
**2. اَلرَّحْمٰنُ: ناھايىتى شەپقەتلىك**
**3. اَلرَّحِيْمُ: ناھايىتى رەھىمدىل**
**4. اَلْمَلِكُ: پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى**
**5. اَلْقُدُّوْسُ: بارلىق نۇقساندىن پاك ۋە مۇقەددەس**
**6. اَلسَّلاٰمُ: ئامان-ئېسەنلىك بېغىشلىغۇچى**
**7. اَلْمُؤْمِنُ: خاتىرجەم ئاتا قىلغۇچى**
**8. اَلْمُهَيْمِنُ: بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى**
**9. اَلْعَزِيْزُ: كۈچ -قۇدرەتلىك، ھەممىگە غالىپ**
**10. اَلْجَبّاٰرُ: كۈچىنى يۈرگۈزگۈچى**
**11. اَلْمُتَكَبِّرُ: بۈيۈكلۈكتە يېگانە**
**12.اَلْخاَلِقُ: ھەممىنى ياراتقۇچى**
**13. اَلْباَرِئُ: يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى**
**14. اَلْمُصَوِّرُ: ھەممە نەرسىگە سۈرەت-شەكىل بەرگۈچى**
**15. اَلْغَفّاٰرُ: ئەپۇ-مەغپىرەت قىلغۇچى**
**16. اَلْقَهّاٰرُ: قەھر-غەزەپ قىلغۇچى**
**17. اَلْوَهّاٰبُ: ئەڭ كۆپ بەرگۈچى**
**18. اَلرَّزّاٰقُ: مەخلۇقاتقا مول رىزىق بەرگۈچى**
**19. اَلْفَتّاٰحُ: ئاچقۇچى**
**20. اَلْعَلِيْمُ: ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى**

21. اَلْقَابِضُ: ھەممىنى كونتروللۇقىدا تۇتقۇچى
22. اَلْبَاسِطُ: يايغۇچى، سېخى
23. اَلْخَافِضُ: چۈكۈرگۈچى، پەس قىلغۇچى
24. اَلرَّافِعُ: يۇقۇرى كۆتۈرگۈچى
25. اَلْمُعِزُّ: ئەزىز قىلغۇچى
26. اَلْمُذِلُّ: خار قىلغۇچى
27. اَلسَّمِيْعُ: ھەممىنى ئاڭلىغۇچى
28.اَلْبَصِيْرُ: ھەممىنى كۆرگۈچى
29.اَلْحَكَمُ: ھۆكۈم چىقارغۇچى
30.اَلْعَدْلُ: تەڭداشسىز ئادىل
31. اَلَّطِيْفُ: ئىنچىكىلىك بىلەن بىلىپ تۇرغۇچى
32.اَلْخَبِيْرُ: ھەممىدىن خەۋەردار
33.اَلْحَلِيْمُ: جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زات
34.اَلْعَظِيْمُ: بۈيۈك، كاتتا
35.اَلْغَفُوْرُ: كەچۈرگۈچى-ئۆتۈۋەتكۈچى
36. اَلْشَّكُوْرُ: مىننەتدارلىققا مۇكاپات بەرگۈچى
37. اَلْعَلِيُّ: ئالىي
38.اَلْكَبِيْرُ: شانۇ-شەۋكەتى بۈيۈك
39.اَلْحَفِيْظُ: مۇھاپىزەت قىلغۇچى
40. اَلْمُقِيْتُ: قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى
41. اَلْحَسِيْبُ: ھەممىدىن ھېساپ ئالغۇچى
42. اَلْجَلِيْلُ: ئۇلۇغۋار
43.اَلْكَرِيْمُ: ناھايىتى ئالىيجاناب، سېخى
44. اَلرَّقِيْبُ: كۆزىتىپ تۇرغۇچى
44 .اَلْمُجِيْبُ: ئىجابەت قىلغۇچى

46. اَلْواسِعُ: مەرھەمىتى كەڭ
47. اَلْحَكِيْمُ: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى
48. اَلْوَدُوْدُ: مېھىر-مۇھەببەتلىك زات

49. اَلْمَجِيْدُ: بەك ئۇلۇغ
50. اَلْباعِثُ: قوزغىغۇچى،قايتا تىرىلدۈرگۈچى
51. اَلشَّهِيْدُ: ھەممىگە گۇۋاھچى
52. اَلْحَقُّ: ھەقىقەتىنىڭ دەل ئۆزى
53. اَلْوَكِيْلُ: ئىگە،مەسئۇل
54. اَلْقَوِيُّ: كۆچلۈك
55. اَلْمَتِيْنُ: بەك مۇستەھكەم
56. اَلْوَلِيُّ: ئىگىدار،باشپاناھ
57. اَلْحَمِيْدُ: مەدھىيەگە لايىق
58. اَلْمُحْسِي: بارلىق شەيئىلەر سانىنى مۇكەممەل بىلگۈچى
59. اَلْمُبْدِئُ: يوقتىن بار قىلغۇچى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى
60. اَلْمُعِيْدُ: قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى
61. اَلْمُحْيِيْ: تىرىلدۈرگۈچى
62. اَلْمُمِيْتُ: ۋاپات تاپقۇزغۇچى
63. اَلْحَيُّ: مەڭگۈ ھايات
64. اَلْقَيُّوْمُ: بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى
65. اَلْواجِدُ: تاپقۇچى
66. اَلْماجِدُ: ئالىيجاناب، ئۇلۇغ
67. اَلْوَاحِد - اَلْاَحَدُ: يەككە-يىگانە
68. اَلصَّمَدُ: ھەممىنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بار
69. اَلْقَادِرُ: ھەممىگە قادىر، كۈچى يەتكۈچى
70. اَلْمُقْتَدِرُ: ناھايىتى كۈچلۈك، قۇدرەت ئىگىسى

**71. اَلْمُقَدِّمُ: ئىلگىرى قىلغۇچى**
**72. اَلْمُؤَخِّرُ: كېچىكتۈرگۈچى**
**73. اَلْاَوَّلُ: ئەڭ ئەۋۋەل**
**74. اَلْاَخِرُ: مەڭگۈلۈك**
**75. اَلظَّاهِرُ: ئاشكارا**
**76. اَلْبَاطِنُ: مەخپى**
**77. اَلْوَالِيُّ: ئىگە بولغۇچى**
**78. اَلْمُتَعَالُ: بۈيۈك**
**79. اَلْبَرُّ: ياخشىلىق قىلغۇچى**
**80. اَلتَّوَّابُ: تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى**
**81. اَلْمُنْتَقِمُ: ئۆچ ئالغۇچى**
**82. اَلْعَفُوُّ: كەچۈرۈم قىلغۇچى**
**83. اَلرَّءُوْفُ: كۆيۈمچان**
**84. مَالِكُ الْمُلْكِ: شاھلارنىڭ شاھى**
**85. ذُوالْجَلَالِ وَلْاِكْرَامِ: ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى**
**86. اَلْمُقْسِطُ: ئادىل، ھەققانى**
**87. اَلْجَامِعُ: جۇغلىغۇچى**
**88. اَلْغَنِيُّ: بىھاجەت**
**89. اَلْمُغْنِيْ: بىھاجەت قىلغۇچى**
**90. اَلْمَانِعُ: توسقۇچى**
**91. اَلضَّارُّ: جازاغا تېگىشلىكلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچى**
**92. اَلنَّافِعُ: پايدا بەخش ئەتكۈچى**
**93. اَلنُّوْرُ: نۇرلۇق**
**94. اَلْهَادِيْ: ھىدايەتكە مۇيەسسەر قىلغۇچى**
**95. اَلْبَدِيْعُ: ئۆرنەكسىز، يوقتىن بار قىلغۇچى**

**96. اَلْبَاقِيْ: مەڭگۈ باقىي**
**97. اَلْوَارِثُ: ھەممىنىڭ ۋارىسى**
**98. اَلرَّشِيْدُ: توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى**
**99اَلصَّبُوْرُ: ناھايىتى سەۋرچان**

**ھەرقانداق ئىجابىي ياكى سەلبىي پىكىر-تەكلىپلىرىڭلار بولسا «*heytahun@hotmail.fi*»ناملىق ئېلخەت ئادرېسىمىز ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقىلەشسەڭلار بولىدۇ.**